# ئىستىقلال ئاۋازى

## ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى

ئومۇمىي 10 ـ سان

ماي 2021

توغرا تەشۋىقات ئۇيغىنىشنىڭ تۇنجى باسقۇچىدۇر

# خىتاي شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە يېڭى قارار ئېلان قىلدى




DOĞU TÜRKİSTAN
BASIN VE MEDYA DERNEĞİ
شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى

Istiqlal TV
Istiqlal TV
Istiqlal TV
Istiqlal TV



# خىتاي شەرقىي تۈركىستاننى تېخىمۇ قاتتىق كونترول قىلىشقا ئالاقىدار يېڭى قارارنى ئېلان قىلدى

ئاتالمىش «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 25 - مايدىكى خەۋىرىدە خىتاي دائىرىلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى تېخىمۇ قاتتىق كونترول قىلىشقا ئالاقىدار يېڭى «قارارى» ئېلان قىلىنغان.

خەۋەردە كۆرسىتىلىشىچە، ئاتالمىش ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 16 - قېتىملىق يىغىنى 19 - 20 - ماي كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن. يىغىندا «يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇش، دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈش، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش قۇرۇلۇشىغا كۈچ قوشۇش توغرىسىدىكى قارار» ماقۇللانغان.

مەزكۇر قاراردا شى جىنپىڭ ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، ئاتالمىش «مۇقىملىق، ئەمىنلىك»نى ساقلاپ قېلىش، خەلقكە خىتاي مەدەنىيىتىنى، خىتاي كىملىكىنى ۋە كوممۇنىستىك ئىدىيەنى تېگىدىن سىڭدۈرۈش تەكىتلەنگەندىن سىرت، خىتاي رېجىمى يېقىندىن بېرى كۈچەپ تەشۋىق قىلىۋاتقان ئاتالمىش «شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش» مەسىلىسى نۇقتىلىق تىلغا ئېلىنغان.

خەۋەردە ئېيتىلىشىچە، قاراردا ئاتالمىش «شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش»تىكى بىر تۈركۈم نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلار ۋە تۈرلەرنى قۇرۇپ، بۇ سىياسەتنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسىنى پۇختىلاش كېرەكلىكى، بۇ پىكىرنى جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەگە كەڭ دائىرىدە تارقىتىپ، جەمئىيەت ئاساسىنى بەرپا قىلىش كېرەكلىكى، شۇنداقلا بارلىق تەشۋىقات ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ، بۇ سىياسەتنى كۈچەپ تەشۋىق قىلىش كېرەكلىكى تەكىتلەنگەن. شۇنداقلا ئامېرىكا ۋە غەربكە قارىتا قايتۇرما ھۇجۇمنى كۈچەيتىش كېرەكلىكى قەيت قىلىنغان.

كۆزەتكۈچىلەرنىڭ بىلدۈرۈشىچە، ئاتالمىش «شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش» دېگەن ئاتالغۇنىڭ ئۆزىلا ئېغىر دەرىجىدە كەمسىتىش خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، خىتايلار نەچچە ئون يىللاردىن بېرى جار سېلىپ كېلىۋاتقان «ئۇيغۇرلار قالاق» دېگەن ئىرقىي كەمسىتىش پىكىرىنىڭ پەردازلاپ ئاتىلىشى ئىكەن. خىتاي دائىرىلىرى يېقىنقى مەزگىللەردە ئالاقىدار تەشۋىقات ۋە قۇرۇلۇشلارنى كۈچەيتىۋاتقان مەزكۇر ئاسسىمىلىياتسىيە سىياستى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا خىتاي مەدەنىيىتى ۋە كوممۇنىزم ئىدىيەسىنى زورلاپ تېڭىش قارا نىيىتىنىڭ ئوچۇق-ئاشكارا ئىپادىسى دەپ قارالماقتا.

# لىتۋانىيە پارلامېنتى خىتاينىڭ جىنايىتىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ بېكىتتى



> لىتۋانىيە پارلامېنتى 20 - ماي خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېجرا قىلىۋاتقان جىنايى قىلمىشلىرىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەن بولۇپ، بۇ قارارنى چىقارغان 5-دۆلەت بولۇپ قالدى.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، لىتۋانىيە پارلامېنتى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەرگە قىلىۋاتقان مۇئامىلىسىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ ئاتاش بىلەن بىرگە، يەنە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا تەسىس قىلغان جازا لاگېرلىرىنى تەكشۈرۈشكە ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقى كومىتېتىنى خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە قايتا قاراپ چىقىشقا چاقىرغان.

لىتۋانىيە پارلامېنتىنىڭ مەزكۇر قارارى پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ بەشتىن ئۈچ قىسمىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن. پارلامېنت يەنە خىتايىنى خوڭكوڭدا يولغا قويغان «دۆلەت بىخەتەرلىك قانۇنى»نى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا، كۆزەتكۈچىلەرنىڭ تىبەتكە كىرىشىگە رۇخسەت قىلىشقا ۋە تىبەتنىڭ مەنىۋى داھىيسى دالاي بىلەن سۆھبەت باشلاشقا چاقىرغان. لىتۋانىيە باش مىنىستىرى ۋە تاشقى ئىشلار مىنىستىرىمۇ پارلامېنت مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشقان، ئەمما بېلەت تاشلىمىغان.

بىلدۈرۈلۈشىچە، بۇ قارارنى پارلامېنتقا سۇنغان پارلامېنت ئەزاسى دوۋىل ساكالىن ئىلگىرى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايى قىلمىشلىرىنى تەنقىد قىلغانلىقى سەۋەبلىك، خىتاينىڭ جازا تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن. ئۇ پارلامېنتتا: «بىز دېموكراتىيەنى قوللايمىز، چۈنكى بىز كوممۇنىست ھاكىمىيەتنىڭ ئىشغالىيىتى ئاستىدا 50 يىل ياشىدۇق. بىز بۇ ئېچىنىشلىق ساۋاقلارنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالمايمىز» دېگەن.

مەلۇم بولۇشىچە، لىتۋانىيە 1940 - يىلدىن 1991 - يىلغىچە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئېغىر كۈنلەرنى ئۆتكۈزگەن بولۇپ، ھازىر ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋە شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ ئەزاسى. لىتۋانىيە غەربنىڭ رۇسىيە، خىتاي قاتارلىق كوممۇنىست دۆلەتلەرگە قارشى تېخىمۇ قاتتىق دىپلوماتىك تەدبىرلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇشىدا تۈرتكىلىك رول ئويناماقتا.



# شەرقىي تۈركىستاندىكى دىنىي باستۇرۇش ھەققىدە يېڭى دوكلات ئېلان قىلىندى



ئامېرىكىدا پائالىيەت قىلىۋاتقان «ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشى» بۈگۈن خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى دىنىي باستۇرۇشى ھەققىدە «ئىسلام مەھرۇم قىلىندى: خىتاينىڭ ئۇيغۇر ئىماملار ۋە دىنىي زاتلارنى باستۇرۇشى» ناملىق يېڭى دوكلات ئېلان قىلغان.

79 بەتلىك مەزكۇر دوكلاتتا ئېيتىلىشىچە، ئېرىشىلگەن دەلىل-ئىسپاتلارنى ئاساس قىلغاندا، خىتاي 2014 - يىلىدىن تارتىپ شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مۇسۇلمانلاردىن جەمئىي 1046 دىنىي زاتنى تۇتقۇن قىلغان. بۇلار 850 ئىمام، 122 موللا، 20 مۇئەززىن ۋە 33 تالىپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.

دوكلاتتا بۇ شەخسلەر توغرىسىدىكى ئۇچۇرلارنىڭ ئائىلە ئەزالىرى، تاراتقۇلاردىكى خەۋەرلەر، ئاممىۋى ياكى شەخسىي ھۆججەتلەردىن ئېرىشىلگەنلىكى، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ئالاقىدار رەسمىي ھۆججەتلەرنى قاتتىق كونترول قىلىشى سەۋەبلىك، كۆپىنچە ئەھۋالدا دەلىل-ئىسپاتلارغا ئېرىشىشنىڭ ئىنتايىن تەس ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان.

دوكلاتتا بىلدۈرۈلۈشىچە، مەزكۇر ئىماملار «رادىكال پىكىر تارقىتىش»، «ئاممىۋى تەرتىپنى قالايمىقانلاشتۇرىدىغان تەرىقىدە ئاممىنى توپلاش»، «بۆلگۈنچىلىك ئىدىيەسىنى قوزغاش» قاتارلىق تۆھمەتلەر بىلەن ئەيىبلەنگەن. ئائىلە ئەزالىرىنىڭ سۆزىگە ئاساسلانغاندا، بۇ دىنىي زاتلارنىڭ ئاساسلىق جىنايىتى ۋەز ئېيتىش، دۇئا-تىلاۋەت قىلىش ۋە ئىماملىق ۋەزىپىلىرىنى ئۆتەش ئىكەن.

دوكلاتتا، تۇتقۇن قىلىنغان دىنىي زاتلارنىڭ 96% ىنىڭ كەم دېگەندە بەش يىللىقتىن يۇقىرى قاماق جازاسىغا، 25% ىنىڭ 20 يىلدىن يۇقىرى قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلىقى، بۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە 14 ىنىڭ ئۆمۈرلۈك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

دوكلاتتا يەنە بۇ كىشىلەرگە ھۆكۈم قىلىنغان جازالار ھەققىدىكى رەسمىي سوت ھۆججىتىنى تېپىشنىڭ تەس ئىكەنلىكى، خىتاينىڭ بولسا بۇ ئەيىبلەشلەرنى

رەت قىلىپ، بۇنى «دىنىي ئەسەبىيلىككە قارشى تۇرۇش» دەپ سۈپەتلىگەنلىكى، ھالبۇكى، ئېرىشىلگەن ھۆججەتلەرگە ئاساسلانغاندا، ئادەتتىكى دىنىي پائالىيەتلەرنىڭمۇ خىتاي تەرىپىدىن رادىكاللىشىش دەپ قارالغانلىقى بايان قىلىنغان.

ب ب س بۇگۇن بۇ ھەقتە تەپسىلىي خەۋەر ئېلان قىلغان بولۇپ، خەۋەردە خىتاي قانۇنى مۇتەخەسسىسى، جورج ۋاشىنگتون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى دونالد كىلاركنىڭ بۇ ھەقتىكى بايانلىرى نەقىل قىلىنغان. ئۇ سۆزىدە: «ئاشقۇنلۇق تارقىتىش، دەپ ئاتالغان جىنايەتنىڭ توغرا ئەيىبلەش ياكى ئەمەسلىكى توغرىسىدىكى مۇنازىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئوتتۇرىغا قويۇلغان دەلىل-ئىسپاتلارنىڭ بۇ ئەيىبلەشنىڭ ئاساسى بار-يوقلۇقىغا قاراپ باقايلى. بۇ ئەيىبلەشلەرگە ئاساس قىلىنغان ئىشلار ئىچىدە ساقال قويۇش ۋە ھاراق ئىچمەسلىكمۇ بار. يەنى بۇ ئالاقىدار ئەيىبلەشلەرنىڭ ئاساسى يوقلۇقىدىن دېرەك بېرىدۇ» دېگەن.

ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشىدىن پېتىر ئىرۋىن بۇ ھەقتىكى سۆزىدە، ئىماملارنى نىشانلاشنىڭ ئارقىسىدا ئۇلارنىڭ «جەمئىيەت ئەزالىرىنى بىر يەرگە توپلاش كۈچى» بارلىقى، يەنى ئۇلارنىڭ جەمئىيەتكە بولغان تەسىرى سەۋەبىدىن، خىتاينىڭ ئۇزۇندىن بېرى ئىماملارغا كۆز تىكىپ كەلگەنلىكى تەكىتلىگەن.

خەۋەردە يەنە شەرقىي تۈركىستان نوپۇسىنىڭ پۈتكۈل خىتاي نوپۇسىنىڭ 1.5%ىنى تەشكىل قىلىدىغانلىقى، ئەمما قولغا ئېلىنغانلارنىڭ 21%ىنى تەشكىل قىلىدىغانلىقى، خىتاي تەرىپىدىن تۈرمىگە تاشلانغانلارنىڭ سانىنىڭ 2017 - يىلدىن باشلاپ كۆرۈنەرلىك ئېشىشقا باشلىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

جازا لاگېرى مەسىلىسى خەلقئارادا كۈنتەرتىپكە كەلگەندىن كېيىن، خىتاي رېجىمى ئىنكار قىلىشتىن، ئېتىراپ قىلىشقا ئۆتكەن بولسىمۇ، بۇ ئورۇنلارنىڭ تەربىيەلەش لاگېرى ئىكەنلىكىنى، 2019 - يىلى ھەممەيلەننىڭ «ئوقۇش پۈتتۈرگەن»لىكىنى، شەرقىي تۈركىستاندا دىنىي ئېتىقادنىڭ ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمايۋاتقانلىقىنى جار سېلىپ كەلمەكتە. ئەمما ئىز-دېرىكى بولمىغان دىنىي زاتلارنىڭ، زىيالىيلارنىڭ، سەرخىللارنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ كەلمەكتە.



# ئافرىقا دۆلەتلىرى نېمە ئۈچۈن كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدە غەربكە قارشى خىتاينى قوللايدۇ؟



دىكېنس ئولېۋى، ب ب س

نۇرغۇن دۆلەتلەر خىتاينىڭ شىنجاڭ (شەرقىي تۈركىستان-ت)دىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا تۇتقان مۇئامىلىسىنى تەنقىد قىلغاندا، ئافرىقا دۆلەتلىرى بۇ سەپكە قېتىلمىدى. ئەكسىچە، نۇرغۇنلىغان ئافرىقا دىپلوماتلىرى يېقىندا بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن بىر پائالىيەتكە قاتنىشىپ، خىتاينىڭ شىنجاڭدىكى سىياسىتىگە ئاپىرىن ئوقۇدى.

كەم دېگەندە بىر مىليون ئۇيغۇر شىنجاڭدىكى تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرلىرىدا قامالغان دەپ قارىلىدۇ. بۇ سەۋەبلىك خىتاي مەجبۇرىي ئەمگەك، مەجبۇرىي تۇغماس قىلىۋېتىش، قىيناش ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق قاتارلىق نۇرغۇن ئەيىبلەشلەرگە دۇچ كەلدى.

خىتاي ھۆكۈمىتى تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرلىرىنى ئاقلاپ، ئۇلارنىڭ تېررورلۇق ۋە دىنىي ئاشقۇنلۇققا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن قۇرۇلغان كەسپىي «قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

«بىر قىسىم غەرب كۈچلىرى شىنجاڭغا مۇناسىۋەتلىك ئاتالمىش مەسىلىلەرنى خالىغانچە تەرغىب قىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن خىتايغا سەۋەبسىز ھۇجۇم قىلماقتا» بۇركىنا فاسونىڭ خىتايدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ئاداما كومپورېنىڭ بۇ باياناتنى بەرگەنلىكى خەۋەر قىلىندى.

سۇدان ۋە كونگو جۇمھۇرىيىتىمۇ پائالىيەتكە باش ئەلچى ئەۋەتتى. تاراتقۇلارنىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، كونگو جۇمھۇرىيىتىنىڭ باش ئەلچىسى دانىيال ئوۋاسا پائالىيەت جەريانىدا خىتاينىڭ شىنجاڭدىكى بىر قاتار تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش تەدبىرلىرى دەپ ئاتىغان سىياسەتلىرىنى قوللايدىغانلىقىنى، شۇنداقلا «شىنجاڭنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ھەر قايسى ساھەلەردە ئېرىشكەن نەتىجىلىرى»گە ئاپىرىن ئوقۇيدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، بۇ پائالىيەت ئافرىقىنىڭ يەرشارى كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم مەسىلىدە سۈكۈت قىلىشىنىڭ بىر مىسالى ئىكەن.

كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى ئافرىقا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى كارىن كانىزا نەنتولىيا باياناتىدا مۇنداق دېدى: «(بۇ) دائىملىق دىپلوماتىك خىزمەت بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئافرىقا ھۆكۈمەتلىرى بېيجىڭنىڭ ھوقۇق ۋە مەنپەئەتنى باستۇرۇشىغا سۈكۈت قىلىشنى خالايدۇ، بۇ تېخىمۇ كونكرېت تەسىر كۆرسىتىدۇ».

ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: «ئافرىقا دۆلەتلىرى باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئۇلارنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىرىگە سەل قارىغانلىقىدىن ئاغرىنىدۇ ۋە ئازاب-ئوقۇبەت چېكىۋاتقان كىشىلەر ئۈچۈن دۇنياۋى ئىتتىپاقلىق ئىزدەيدۇ».

## ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئۆزگىرىشمۇ؟

ئەمما «يەرشارى باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى»نىڭ تەتقىقاتچىسى ئېجېۋېيوم ئوتوبوننىڭ ئېيتىشىچە، ئافرىقا رەھبەرلىرى بىلەن خىتاي كىشىلىك ھوقۇق، ئىقتىسادىي مەنپەئەت ۋە ئىچكى ئىشلارغا ئارىلاشماسلىقتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ساھەدە ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلغان.

ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ خىتاينى قوللاش مەيدانى ئافرىقىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدە غەرب بىلەن كۈنسېرى تىركىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

> 2020 - يىلى 6 - ئايدا ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى جەنۋەدە تالاش-تارتىش قوزغىغان خوڭكوڭ دۆلەت بىخەتەرلىك قانۇنى تېمىسىدا بېلەت تاشلىدى. بۇ قانۇندا سىياسىي ئۆكتىچىلەرگە ئېغىر جازا بېرىلىدىغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە خوڭكوڭنىڭ ئاپتونومىيەسىگە خاتىمە بەرگەن ئىدى. بۇ بېلەت تاشلاشتا بەش قىتئە ئارىسىدىكى ئەڭ چوڭ گۇرۇپپا بولغان 25 ئافرىقا دۆلىتى خىتاي دائىرىلىرىنى قوللىدى.

شۇ يىلى ئۆكتەبىردە غەرب دۆلەتلىرىنىڭ خىتاينىڭ شىنجاڭ، خوڭكوڭ ۋە تىبەتتىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى قاتتىق ئەيىبلەيدىغان بىرلەشمە باياناتىغا ھېچقانداق ئافرىقا دۆلىتى ئىمزا قويمىدى.

«كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى» ئافرىقا رەھبەرلىرىنى پۈتۈن دۇنيا ئەندىشە قىلىۋاتقان مەسىلە بەدىلىگە خىتايدىن كېلىدىغان ئىقتىسادىي مەنپەئەتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويدى، دەپ ئەيىبلىدى.

«خىتاي ئافرىقا تۈرى»نىڭ ئورتاق قۇرغۇچىسى ئېرىك ئولاندېرنىڭ قارىشىچە، ئافرىقا رەھبەرلىرىگە نىسبەتەن، بېيجىڭ بىلەن دۈشمەنلەشمەسلىك «تاشقى سىياسەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى».

ئۇ ب ب س غا مۇنداق دېدى: «بۇ تەنقىدچىلەر مۇنداق بىر نۇقتىنى چۈشەنمەيدىغاندەك قىلىدۇ، تەرەققىي قىلىۋاتقان نامرات دۆلەتلەرگە نىسبەتەن، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى يەنىلا بېيجىڭنىڭ ئېغىر قەرزىگە بوغۇلغان بولۇپ، سودىسىنىڭ كۆپ قىسمىدا خىتايغا تايىنىدۇ، ئۇلار خىتاينى غەزەپلەندۈرۈشتىن كېلىدىغان خەۋپكە تەۋەككۇل قىلالمايدۇ».


نەچچە ئون يىلدىن بۇيان ئورنىتىلغان خىتاي-ئافرىقا مۇناسىۋىتى يەنە بىر مۇھىم ئامىل. 1970-يىلى، ئافرىقا دۆلەتلىرى ئامېرىكا قارشى تۇرغان ئەھۋالدا خىتايغا ياردەم بېرىپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا قايتىپ كېلىشىدە مۇھىم رول ئوينىدى، بۇ خىتاي بىلەن ئافرىقا مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتتى.

كېنىيەدىكى خىتاي-ئافرىقا مۇناسىۋىتى مۇتەخەسسىسى كېلىپ مىبويا ب ب س غا مۇنداق دېدى: «شۇنىڭدىن كېيىن بۇ مۇناسىۋەت ئىزچىل كۈچەيدى».

«30 يىلدىن بۇيان، خىتاي ھەر يىلى يېڭى يىلدا تاشقى ئىشلار مىنىستىرىنىڭ ئافرىقا زىيارىتىنى ئەنئەنىگە ئايلاندۇردى. بۇ سىمۋوللۇق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك مۇناسىۋەتكە مەبلەغ سېلىۋاتقانلىقىنىڭ سىگنالى. بۇ ئافرىقىلىقلارنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشتى».

ياش بىر ئەۋلاد ئافرىقىلىقلار بەلكىم خىتاينىڭ ئۇنچە تەسىرىگە ئۇچرىمىغان بولۇشى مۇمكىن. راي سىناش ئورگىنى Afrobarometer يېقىندا ئېلان قىلغان تەتقىقاتتا ئاساسلانغاندا، ياش ئافرىقىلىقلار ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات ئەندىزىسىگە ئىنتايىن ئاكتىپ قاراشتا.

ئەمما ياشانغان بىر ئەۋلاد ۋە ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى باشقىچە ئويلايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇش مەبلىغىنى خىتايغا يۈتكەش قارارى (بولۇپمۇ ئۆتكەن 20 يىلدا) ئافرىقا چوڭ قۇرۇلۇشلىرىنىڭ خەرىتىسىنى كەڭ كۆلەملىك يول، كۆۋرۈك، تۆمۈر يول، پورت ۋە




ئىنتېرنېت ئۇل ئەسلىھەلىرى بىلەن ئۆزگەرتىپ، ئافرىقىنىڭ رەقەملىك ئىقتىسادتا تاشلىنىپ قالماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلدى.

ئوتتوبونىڭ ئېيتىشىچە، بۇ تۈرلەرنىڭ بەزىلىرى خىتاينىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسىنىڭ بىر قىسمى. بۇ پىلاننىڭ كۆلىمى نەچچە ئون مىلياردتىن ئاشىدۇ، 46 ئافرىقا دۆلىتى ئاللىبۇرۇن ئىمزا قويۇپ قاتناشتى. ئۇ: «غەربنىڭ تەڭ قىممەتتىكى تۈرلىرى قەيەردە؟» دەپ سوئال قويدى ۋە خىتاينىڭ مەبلەغ كۆلىمىگە يېتىشىشنىڭ قىيىنلىقىنى ئېيتتى.

ئولاندېر بۇ چوڭ تۈرلەرنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن ئىمزالانغان كېلىشىملەردە ئوچۇق-ئاشكارا بولماسلىقنىڭ بىر قىسىم كىشىلەردە شۈبھە پەيدا قىلغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ بۇنى خىتاينىڭ تۆلىيەلمەيدىغان قەرز ئارقىلىق ئافرىقىنى قاپقانغا دەسسىتىش سۈيىقەستى دەپ ئېيتقانلىقىنى، ئەمما ئۇ بۇ خىل «قەرز قىلتىقى» قارىشىنىڭ ئاللىبۇرۇن رەددىيەگە ئۇچرىغانلىقىنى ئېيتتى.

بۇ يىل ئاخىرىدا، ئۈچ يىلدا بىر ئۆتكۈزۈلىدىغان يۇقىرى دەرىجىلىك پائالىيەت بولغان خىتاي-ئافرىقا ھەمكارلىق مۇنبىرى (FOCAC) سېنېگالدا ئۆتكۈزۈلىدۇ، ئۇ ۋاقىتتا قەرزنى يېنىكلىتىش ۋە يېڭى تىپلىق كورونا ۋىرۇسى ۋاكسىنىسىغا ئېرىشىش مۇھىم تېمىغا ئايلىنىشى مۇمكىن.

## ۋاكسىنا دىپلوماتىيەسى

يۇقۇم تارقالغاندىن بۇيان، خىتاي بايرىقى ئافرىقىدىكى ئاساسلىق ئايرودۇرۇملاردا كۆپ ئۇچرايدىغان مەنزىرىگە ئايلاندى، بۇ شەخسىي قوغداش ئۈسكۈنىلىرى (PPE) ۋە خىتاي يېقىندا ئىشلەپچىقارغان ۋاكسىنا قاتارلىق بىر قاتار مۇھىم ئەئانە بۇيۇملارنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

خىتاينىڭ ئاتالمىش ۋاكسىنا دىپلوماتىيەسى ھازىر ئافرىقا قىتئەسىدىكى 13 دۆلەتكە تەسىر قىلدى، بۇ دۆلەتلەر يا خىتاي ۋاكسىنىسىنى سېتىۋالغان، ياكى ئىئانە قوبۇل قىلغان. زىمبابۋې خىتايدا ياسالغان ۋاكسىنىنى ئىشلىتىدىغان 12 دۆلەتنىڭ بىرى.

بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، يەرشارى ۋاكسىنىسى تەشەببۇسى «كوۋاكس» (Covax) تۈرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئافرىقا دۆلەتلىرى ئەنگلىيە ياكى ئامېرىكىنىڭ بىۋاسىتە قوللىشىغا ئېرىشەلمىدى، كوۋاكسىمۇ خىتاينىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن. كوۋاكس ھازىرغا قەدەر ئافرىقا قىتئەسىدىكى 41 دۆلەتكە 18 مىليون ۋاكسىنا تەمىنلىگەن.

ئاساسلىق دۆلەتلەر ئىچىدە يېڭى تىپلىق كورونا ۋاكسىنىسىنى دۇنياۋى تەسىرگە ئېرىشىشنىڭ قورالى قىلىپ ئىشلىتىش رىقابىتى ئېلىپ بېرىلماقتا.

بۇ يىل مارتتا، ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار ۋەزىرى دومىنىك راب تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنى خىتاي ياكى رۇسىيەنىڭ ۋاكسىنىسىنىڭ ئورنىغا «يۇقىرى سۈپەتلىك» ۋاكسىنىنى كۆتۈشكە چاقىردى.

ئامېرىكىنىڭ يېڭى تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئانتونى بلىنكېن يېقىندا بىر تۈركۈم ئافرىقا ئوقۇغۇچىلىرىغا نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنىڭ رىقابەت ئەمەسلىكىنى ئېيتتى. ئۇ مۇنداق دېدى: «بىز ھېچكىمنىڭ ئامېرىكا ياكى خىتايدىن بىرىنى تاللىشىنى تەلەپ قىلمايمىز، ئەمما مەن سىلەرنى جاۋاب بېرىش قىيىن بولغان سوئاللارنى سوراشقا، ئوچۇق-ئاشكارا بولۇشنى تەلەپ قىلىشقا ۋە ئاقىلانە تاللاشقا ئىلھاملاندۇرىمەن».

تۆت لىنىيەلىك نايروبى تاشيولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 17 ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان بولۇپ، خىتاي كېنىيەدە مەبلەغ سالغان نۇرغۇن تۈرلەرنىڭ بىرى. غەربتىكى چوڭ دۆلەتلەر ئۆزلىرىنىڭ خىتاي بىلەن قەرز ۋە ئۇل ئەسلىھە جەھەتتە رىقابەتلىشەلمەيدىغانلىقىنى بىلىدۇ، ھازىرغا قەدەر ئۇلار خىتاينىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن ياكى ئېرىشمەكچى بولغان تاللاشقا قارشى تەدبىر قوللانمىدى. ئۇلارنىڭ ئۇسۇلى دېموكراتىيە تەلەپ قىلىش ۋە چىرىكلىكسىز مەبلەغ سېلىشنى تەلەپ قىلىش دېگەندەك شوئارلارنى قوللىنىش بولدى.

شۇڭلاشقا، ھەر قانداق بىر ئافرىقا دۆلىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلغان مۇئامىلىسى سەۋەبلىك خىتاي رەھبىرىنى ئاڭ سان سۆكىغا ئوخشاش خەلقئارا سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلىش ئېھتىماللىقى ئىنتايىن تۆۋەن. -2019يىلى ئاڭ سان سۇكى بېرمىنىڭ رەھبىرى بولغان مەزگىلدە، گامبىيەنىڭ سابىق ئەدلىيە مىنىستىرى بېرمىنىڭ روھىنگا مۇسۇلمانلىرىغا قىلغان مۇئامىلىسى سەۋەبىدىن بېرما ھۆكۈمىتىنى خەلقئارا سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلدى.

ئەبۇباكار تامادو (گامبىيەنىڭ سابىق ئەدلىيە مىنىستىرى)نىڭ ئۇسۇلى ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. بۇ تەشكىلات 57 دۆلەتتىن تەركىب تاپقان، ئۇلارنىڭ نوپۇسىنىڭ كۆپىنچىسى مۇسۇلمان، بۇنىڭ ئىچىدە 27 دۆلەت ئافرىقىغا جايلاشقان. بۇ قارار غەرب دۇنياسىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى، ھازىر خەلقئارا سوت مەھكىمىسى بېرمىدىن ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تەدبىر قوللىنىشنى تەلەپ قىلدى.

*تەرجىمە قىلغۇچى: دىلشات سۇلتان*






ئەرەبچە «ھازىرقى خەۋەرلەر» تورىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، خىتاينىڭ خەلقئارادا ئۆزىنى ئاقلاش مەقسىتىدە تارقاتقان ھېيت كۈنىدىكى كۆرۈنۈشلەرنىڭ ئالدىن تەييارلانغان، ساختا كۆرۈنۈشلەر ئىكەنلىكى ئاشكارىلانغان.

خىتاي بۇ يىل رامىزاننىڭ ئالدى-كەينىدە چەت ئەلدىكى تەشۋىقات قوشۇنىنى ئىشقا سېلىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر قاتارلىق مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ دىنىي ئىبادەتلىرىنى ۋە پائالىيەتلىرىنى خاتىرجەم ئادا قىلىۋاتقانلىقىنى كۈچەپ تەشۋىق قىلغان ئىدى. بولۇپمۇ روزا ھېيت كۈنى قەشقەر ھېيتگاھ جامەسى ئالدىدا ئوينالغان سامانى سىنىغا ئېلىپ تارقىتىپ، شەرقىي تۈركىستاندا مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي بايراملارنى ئەركىن ئۆتكۈزەلەيدىغانلىقىنى، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى دەۋا قىلغان ئىدى. ھالبۇكى، بۇ كۆرۈنۈشلەردىكى بىنورماللىق خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ دىققىتىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىغان.

”

خىتاينىڭ تەشۋىقاتلىرىدىن پەرقلىق بىر سىندا كۆرسىتىلىشىچە، خىتاي دائىرىلىرى ھېيتتىن بىر كۈن بۇرۇنلا ئۇيغۇرلارنى ھېيتگاھ جامەسى ئالدىغا يىغىپ، ساما ئويناشنى مەشىق قىلدۇرغان. ئۇلارنىڭ قولاشمىغان ھەرىكەتلىرىدىن ۋە چىراي ئىپادىلىرىدىن بۇنىڭ مەجبۇرىي مەشىق ئىكەنلىكى ئېنىقلا بىلىنىپ قالغان. ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى باشقۇرۇپ، نازارەت قىلىۋاتقان كادىرلارمۇ دىققەت تارتقان. سىمون لېبلەتېر ئىسىملىك مۇخبىرنىڭ بىلدۈرۈشىچە، ھېيتتىن بىر كۈن بۇرۇن ئۇ كىشىلەرنىڭ مەيدانغا قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بىر نەچچە ئۇيغۇردىن نەگە كېتىۋاتقانلىقىنى سورىغان، ئۇلار نېمە ئىشلىقىنى ئۇقمايدىغانلىقىنى، يۇقىرىدىن مەيدانغا يىغىلىشقا بۇيرۇغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

مەلۇم بولۇشىچە، ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى» 13-ماي بېيجىڭدا «روزا ھېيتلىق مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى» ئۆتكۈزگەن بولۇپ، يىغىنغا ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ خىتايدا تۇرۇشلۇق 20 نەچچە ئەلچىسى ۋە شەرقىي تۈركىستاندىن كەلگەن ئاتالمىش «دىنىي زاتلار»دىن بولۇپ يۈزدىن ئارتۇق كىشى قاتناشقان. مەزكۇر يىغىندا يەنە ھېيتگاھ مەيدانىدىكى خەلقنىڭ «ساما ئويىنىغان كۆرۈنۈشلىرى» بىۋاستە نەق مەيدان ئارقىلىق كۆرسىتىلگەن.

# ياۋروپا پارلامېنتى خىتايغا قارشى مۇھىم قارار ماقۇللىدى



ياۋروپا پارلامېنتى -20ماي بىلەت تاشلاش ئارقىلىق ياۋروپا-خىتاي مەبلەغ سېلىش كېلىشىمىنى توڭلىتىش ھەققىدە رەسمىي قارار ماقۇللىغان.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ياۋروپا پارلامېنتى -20ماي ئومۇمىي بېلەت تاشلاپ، خىتاينىڭ ياۋروپا پارلامېنت ئەزالىرى ۋە مۇتەخەسسىسلىرىگە قاراتقان جازاسى مەۋجۇت بولغان ئەھۋالدا، ياۋروپا-خىتاي مەبلەغ سېلىش كېلىشىمىنى ھەر قانداق شەكىلدە ئويلىشىشنىڭ رەت قىلىنىدىغانلىقى ھەققىدە قارار چىقارغان. مەزكۇر قارار 599 ئاۋازنىڭ قوللىشى، 30 ئاۋازنىڭ قارشى تۇرۇشى ۋە 58 ئاۋازنىڭ ۋاز كېچىشى بىلەن ماقۇللانغان.

ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ ئەزالىرى يەنە ياۋروپا كومىتېتىغا بۇ كېلىشىمنى تەستىقلاش-تەستىقلىماسلىقنى قارار قىلغاندا، خوڭكوڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خىتايدىكى كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتىنى ئويلىشىشى كېرەكلىكىنى ئەسكەرتكەن.

باياناتتا دېيىلىشىچە، قاراردا يەنە تەيۋەننى ئۆز ئىچىگە ئالغان رايونلۇق شېرىكلەر بىلەن بولغان سودا ۋە مەبلەغ سېلىش كېلىشىملىرىنىڭ خىتاي-ياۋروپا ئۇنىۋېرسال مەبلەغ سېلىش كېلىشىمىنىڭ توختىتىلىشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماسلىقى كېرەكلىكى تەكىتلەنگەن.

«خىتاي-ياۋروپا ئۇنىۋېرسال مەبلەغ سېلىش كېلىشىمى» خىتاي بىلەن ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ئىككى تەرەپلىك مەبلەغ سېلىش كېلىشىمى بولۇپ، ئۆتكەن يىلى -12ئايدا خىتاي ئويلىمىغان يەردىن ئۇزۇن مۇددەتتىن بېرى ھەل قىلىنمىغان بىر نەچچە مۇھىم نۇقتىدا ياۋروپا ئىتتىپاقىغا يول قويغان. شۇ سەۋەبلىك ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن پرىنسىپ جەھەتتىن «خىتاي-ياۋروپا ئۇنىۋېرسال مەبلەغ سېلىش كېلىشىمى» ئىمزالانغان.

---

رويتېر ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، ئەگەر مەبلەغ سېلىش كېلىشىمى مەغلۇپ بولسا، بۇ خىتاي ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقىغا نىسبەتەن بىر چوڭ ئوڭۇشسىزلىق ھېسابلىنىدىغان بولۇپ، ئىككى تەرەپ بۇ كېلىشىمنى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن يەتتە يىل تىرىشقان. كېلىشىمگە ئاساسەن، ياۋروپانىڭ خىتايدىكى مەبلەغ سېلىش ۋە ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقى تېخىمۇ زور دەرىجىدە قوغدىلىدىكەن. خىتايمۇ بۇ كېلىشىم ئارقىلىق خەلقئارادىكى ئورنىنى ياخشىلايدىكەن.

مەلۇم بولۇشىچە، ياۋروپا پارلامېنت ئەزالىرى يەنە ياۋروپا-خىتاي مۇناسىۋىتىنى قايتا تەڭپۇڭلاشتۇرۇشقا چاقىرغان. ئۇلار مەجبۇرىي ئەمگەك ۋاستىسى بىلەن ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنىڭ ئىمپورت قىلىنىشىنى چەكلەش تەدبىرىنى ۋە «ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ چەت ئەل مەبلىغىنى تەكشۈرۈش نىزامنامىسى»نى كۈچەيتىشنى قوللايدىكەن.



# ب د ت دا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكى ھەققىدە يىغىن ئېچىلدى




ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئەنگلىيە، ئامېرىكا، گېرمانىيە قاتارلىق ئون نەچچە دۆلەتنىڭ ۋەكىللىرى ۋە ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش تەشكىلاتى، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى قاتارلىق تەشكىلاتلار 12 - ماي ب د ت نىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىسى ھەققىدە ئېچىلغان تور يىغىنغا قاتناشقان.

مەزكۇر يىغىن ئامېرىكا، ئەنگلىيە ۋە گېرمانىيەنىڭ تەشكىللىشى بىلەن ئېچىلغان بولۇپ، كانادا، ئاۋسترالىيە، تۈركىيە، ياپونىيە، فرانسىيە، ئىتالىيە قاتارلىق 18 دۆلەت ۋە خەلقئارالىق ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن.

ئامېرىكىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى گرىنفىلد ئېچىلىش سۆزىدە خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەرگە قاراتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايىتىنى توختاتمىغۇچە، ئامېرىكىنىڭ بۇ ھەقتە داۋاملىق ئاۋاز چىقىرىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن.

ئەنگلىيەنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى دائىمىي ۋەكىلى يىغىندا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتىنىڭ ئەڭ ئېغىر ئىنسان ھەقلىرى كىرىزىسىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

گېرمانىيەنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى خولسگېن بۇ تور يىغىنىنى قوللايدىغان دۆلەتلەرنىڭ خىتاينىڭ زور تەھدىتىگە دۇچ كەلگەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

تۈركىيەنىڭ ب د ت دىكى باش ئەلچىسى فەرىدۇن سىنىرلىئوغلى تۈركىيەنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا داۋاملىشىۋاتقان ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكىدىن ئەندىشە قىلىۋاتقانلىقىنى، ئۇيغۇر قاتارلىق مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ بارلىق ھوقۇقلىرىدىن بەھرىمەن بولغان ھالدا خاتىرجەم ياشىشىنىڭ كاپالەتكە ئىگە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ب د ت نىڭ مۇستەقىل تەكشۈرۈش ھەيئىتى ئەۋەتىپ، شەرقىي تۈركىستاننى چەكلىمىسىز تەكشۈرۈشنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ئالدىنقى ھەپتە مەزكۇر يىغىننىڭ ئېچىلماقچى ئىكەنلىكى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، خىتاي ب د ت غا ئەزا دۆلەتلەرنى بۇ يىغىنغا قاتناشماسلىققا چاقىرغان ۋە بۇ يىغىننىڭ خىتاينىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىشنى مەقسەت قىلىدىغانلىقىنى تەشۋىق قىلغان. ئەمما خىتاينىڭ قاتتىق توسقۇنلۇقىغا قارىماي، يىغىن يەنىلا 50 نەچچە ۋەكىل ۋە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ۋاقتى-قەرەلىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلگەن.

# گېرمانىيە شىركەتلىرى شەرقىي تۈركىستاندىن چېكىنىپ چىقىشى مۇمكىن




فىرانسىيە خەلقئارا رادىيوسىنىڭ 18 - مايدىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقلىرىنى ئېغىر دەپسەندە قىلىشى سەۋەبلىك، گېرمانىيە شىركەتلىرى پات يېقىندا شەرقىي تۈركىستاندىكى تىجارىتىنى توختىتىشقا مەجبۇر بولۇشى مۇمكىن ئىكەن.

خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، ئۇيغۇرلار كىشىلىك ھوقۇقى ئېغىر دەرىجىدە دەخلى-تەرۇزغا ئۇچرىغانلىقتىن، گېرمانىيە شىركەتلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى سودا، ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى ئۇزۇن ئۆتمەي چەكلىمىگە ئۇچرىشى ياكى پۈتۈنلەي توختىتىلىشى مۇمكىن بولۇپ، بۇ گېرمانىيە پارلامېنتى ئىلمىي مۇلازىمەت بۆلۈمىنىڭ باھالاش دوكلاتىدىن چىقىرىلغان يەكۈن ئىكەن.

يېشىللار پارتىيەسى سۇنغان لايىھەگە ئاساسەن، ئەگەر «تەمىنلەش زەنجىرى قانۇنى» يولغا قويۇلۇپ قالسا، گېرمانىيە شىركەتلىرىنىڭ خىتاي تەمىنلىگۈچىلەر بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈش مەسئۇلىيىتى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئەكسىچە بولسا گېرمانىيە شىركەتلىرى جەرىمانە تۆلەيدىكەن. ئايرىم ئەھۋاللاردا شىركەت خىزمەتچىلىرى شەخسىي جىنايى جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىشى مۇمكىن ئىكەن.

بىلدۈرۈلۈشىچە، يېشىللار پارتىيەسى گېرمانىيە شىركەتلىرىنى بۇ ھەقتىكى مەيدانىنى ئېنىق قىلىشقا چاقىرغان. يېشىللار پارتىيەسىنىڭ پارلامېنتىدىكى كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى باياناتچىسى مارگارېت باۋۇس بۇ ھەقتە توختىلىپ: «بۇ باھالاش دوكلاتى ئارقىلىق، شىنجاڭدا پائالىيەت قىلىۋاتقان گېرمانىيە شىركەتلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئايدىڭلاشتى. بۇ ئەھۋالدا ھەر بىر گېرمانىيە شىركىتى ھازىر ئەستايىدىللىق بىلەن ئۆزىدىن شىنجاڭدىكى سودا مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قېلىشنى خالايدىغان-خالىمايدىغانلىقىنى سورىشى كېرەك» دېگەن.

باھالاش دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، «تەمىنلەش زەنجىرى قانۇنى» يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، گېرمانىيەنىڭ ۋەزىيىتى ئۆزگىرىدىغان بولۇپ، قانۇن لايىھەسىدە چوڭ شىركەتلەر دۇنيادىكى تەمىنلىگۈچى شىركەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ۋە مۇھىتقا زىيان يەتكۈزۈش قىلمىشىغا قارشى تەدبىر قوللانمىسا، يىللىق سېتىش سوممىسىنىڭ 2% گىچە جەرىمانە قويۇلىدىكەن.

تاراتقۇلارنىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، گېرمانىيە شىركەتلىرىنىڭ زاۋۇت بىنالىرى ئادەتتە شەرقىي تۈركىستاندىكى تۇتۇپ تۇرۇش مەركىزى ۋە لاگېرلارغا يېقىن ئىكەن. باھالاش دوكلاتىدا ئادىداس، پۇما، BMW، بوش، سىمېنس، ۋولكىس ۋاگېن ۋە باسف قاتارلىقلار تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، مەزكۇر شىركەتلەرنىڭ بىر قىسمىنىڭ بۇ ئەيىبلەشلەرنى رەت قىلغانلىقى، بىر قىسمىنىڭ ئېتىراپ قىلغانلىقى بىلدۈرۈلگەن.

# خىتاي ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىنى قاتتىق ئۇرغان كۆرۈنۈشى دىققەت قوزغىدى




ئالدىنقى كۈنلەردە تارقالغان شەرقىي تۈركىستاندىكى مەلۇم بىر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىنىڭ بىر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىنى ئۇرۇۋاتقان سىن كۆرۈنۈشى ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا كۈچلۈك غۇلغۇلا قوزغىدى.

> سىندا كۆرسىتىلىشىچە، شەرقىي تۈركىستاندىكى مەلۇم بىر ئوتتۇرا مەكتەپتە بىر خىتاي ئوقۇتقۇچى سىنىپتىكى بىر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىنىڭ يۈزىگە توختىماي شاپىلاق بىلەن ئۇرغان بولۇپ، بىر مىنۇتقا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئون نەچچە قېتىم شاپىلاقلىغان ۋە تىللاپ ھاقارەتلىگەن.
>
> سىنىپتىكى تامغا ئاتالمىش «گۈزەل شىنجاڭ بەرپا قىلىش» دېگەن شوئار يېزىلغان، دەرسخانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا خىتاي بايرىقى ئېسىلغان بولۇپ، سىنىپتىكى زوراۋانلىق بىلەن روشەن سېلىشتۇرما شەكىللەندۈرگەن.

بۇ خىتاي ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنى خورلاپ، ھاقارەتلىشىنىڭ تۇنجى قېتىم ئاشكارىلىنىشى ئەمەس بولۇپ، بۇ يىل 1-ئايدىمۇ پەيزىۋات ناھىيەسىدىكى بىر خىتاي ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىنى قاتتىق ئۇرغان كۆرۈنۈشى ئاشكارىلىنىپ، خىتاينىڭ ئىچى-سىرتىدا غۇلغۇلا قوزغىغان ۋە بۇنى يوشۇرالمىغان خىتاي بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشكە مەجبۇر بولغان ئىدى.

گەرچە خىتاي دائىرىلىرى شەرقىي تۈركىستانغا ئاتالمىش «ياردەم» نامىدا زور تۈركۈمدىكى خىتاي ئوقۇتقۇچىلارنى يۇقىرى تەمىنات بىلەن يۆتكەپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ سالاھىيىتى، ساپاسى ئىزچىل گۇمان قوزغاپ كەلمەكتە.

يېقىنقى مەزگىللەردە تارقالغان سىنلاردا يەنە شەرقىي تۈركىستاندىكى مەكتەپلەردە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپتە ئۇيغۇرچە سۆزلىشىگە رۇخسەت قىلىنمايدىغانلىقى، ئەگەر خىلاپلىق قىلسا جازالىنىدىغانلىقى ئاشكارىلانغان.




# تۈركىيەدىكى 70 تىن ئارتۇق ئادۋوكاتلار جەمئىيىتى ئۇيغۇرلار ھەققىدە بىرلەشمە چاقىرىق ئېلان قىلدى

تۈركىيەدىكى 73 ۋىلايەتنىڭ ئادۋوكاتلار جەمئىيىتى 16 - ماي بىرلەشمە بايانات ئېلان قىلىپ، پۈتۈن دۇنيانى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان سىستېمىلىق باستۇرۇش جىنايىتىنى توسۇشقا چاقىرغان.

بىرلەشمە چاقىرىقتا مۇنۇلار بىلدۈرۈلگەن: «1949 - يىلدىن باشلاپ خىتاينىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى ئۆلارنىڭ ھاياتىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. خىتاي بۇ رايوندىكى يەرلىك خەلقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يولغا قويغان ۋە 2018 - يىلى سۈنئىي ھەمراھتىن تارتىلغان سۈرەتلەر ۋە گۇۋاھلىق سۆزلىرى ئارقىلىق ئىسپاتلانغاندىن كېيىن ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولغان جازا لاگېرلىرىدىن ئىبارەت بۇ جىنايىتىنى ۋە جىنايەتچىلەرنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، بۇنىڭ كەسپىي تەربىيەلەش مەركىزى ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلدۇرۇشقا ئۇرۇنماقتا ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنى تېررورلۇق، ئاشقۇنلۇق، بۆلگۈنچىلىكتىن قۇتقۇزىدىغانلىقى ھەققىدە جار سالماقتا.


بىر مىللەت ۋە دىنىي ئېتىقادنى يوقىتىشنى مەقسەت قىلغان سىستېمىلىق ھەرىكەتلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئويلاشقاندا، بۇ قىلمىشلارنىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتكە تەۋە ئىكەنلىكى ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان پاكىت».

چاقىرىقتا يەنە خەلقئارالىق تەشكىلاتلار ئېلان قىلغان دوكلاتلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىنىۋاتقان جىنايەتلەرنى ئىسپاتلاپ بەرگەنلىكى قەيت قىلىنىپ: «بارلىق ئالاقىدار تەرەپلەرنى بۇ ھەقتىكى مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشقا، پۇقرالار ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلارنى بۇ مەسىلىنى كۈنتەرتىپىدە ساقلاشقا، ب د ت ئومۇمىي مەجلىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق خەلقئارالىق ئورگانلارنى دەرھال كۈنتەرتىپىدىكى ئالدىنى ئېلىش جازاسىنى قوللىنىشقا چاقىرىمىز ۋە خەلقئارا جەمئىيەتنى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن تەدبىر قوللىنىشقا چاقىرىمىز. ئادۋوكاتلار جەمئىيىتى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، ئادۋوكاتلىق كەسپىنىڭ روھىغا ئاساسەن ئادالەتسىزلىككە سۈكۈت قىلىشنىڭ يەنە بىر ئادالەتسىزلىك ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ۋە زۇلۇمغا ئۇچرىغان ئۇيغۇرلارنىڭ يېنىدا ئىكەنلىكىمىزنى ھۆرمەت بىلەن جاكارلايمىز» دېگەنلەر تەكىتلەنگەن.

تۈرك مائارىپ بىرلەشمىسىنىڭ ئادىيامان گۆلباشى رەئىسى مەھمۇت يېتىشكەن بۇ ھەقتە سۈكۈت قىلغان باشقا ئادۋوكاتلار جەمئىيىتىگە كۈچلۈك ئىنكاس قايتۇرغان. ئۇ بۇ ھەقتىكى باياناتىدا ئەنقەرە ئادۋوكاتلار جەمئىيىتىنىڭ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى باستۇرۇشىغا قارشى چاقىرىقىنى 71 ۋىلايەتنىڭ ئادۋوكاتلار جەمئىيىتىنىڭ قوللىغانلىقى، ئەمما ئادىيامانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قىسىم ئادۋوكاتلار جەمئىيىتىنىڭ بۇنى قوللىمىغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ: «ئالدى بىلەن بىز ھەرقايسى ئادۋوكاتلار جەمئىيەتلىرىنىڭ قوللىغانلىقىغا، بولۇپمۇ ئەنقەرە ئادۋوكاتلار جەمئىيىتىنىڭ قوللىغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىمىز ۋە ۋىلايىتىمىز ئادىيامان ئادۋوكاتلار جەمئىيىتىنىڭ بۇنى قوللىمىغانلىقىنى ئەيىبلەيمىز» دېگەن.

”

# خىتاي مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ۋىرۇسنى بىيولوگىيەلىك قورالغا ئۆزگەرتىش ھەققىدىكى ھۆججىتى ئاشكارىلاندى



فىرانسىيە خەلقئارا رادىيوسىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئاۋستىرالىيە تاراتقۇلىرى نەچچە كۈن بۇرۇن خىتاي تەتقىقاتچىلىرىنىڭ سارس تاجىسىمان ۋىرۇسنى بىيولوگىيەلىك قورالغا ئايلاندۇرۇش توغرىسىدىكى بىر كونا ھۆججىتىنى ئاشكارىلىغان بولۇپ، خىتاي بۇنى ئىنكار قىلىپ نارازىلىق بىلدۈرگەن.


ئاۋستىرالىيە تاراتقۇلىرى ئاشكارىلىغان مەزكۇر ھۆججەتتە خىتاينىڭ ھەربىي قىسىملىرىدىكى مۇتەخەسسىسلەر سارس تاجىسىمان ۋىرۇسنى بىيولوگىيەلىك قورالغا ئايلاندۇرۇش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلغان بولۇپ، ئۈچىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا بىيولوگىيەلىك قورال ئىشلىتىلىشى مۇمكىنلىكى، يەنە كېلىپ ئاساسلىق قورالغا ئايلىنىشى مۇمكىنلىكى قاتارلىق پەرەزلەر تىلغا ئېلىنغان.

خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، ھۆججەتتە كۆرسىتىلگەن 18 ئاپتورنىڭ بەزىلىرى خىتاينىڭ ئاممىۋى سەھىيە ۋە ھەربىي ساھەسىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئونىنىڭ شىئەن ھاۋا ئارمىيەسى ھەربىي تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىغا مۇناسىۋەتلىك ئالىملار ۋە قورال مۇتەخەسسىسلىرى ئىكەنلىكى مەلۇم بولغان. بۇ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەتقىقات سەۋىيەسى «ئىنتايىن يۇقىرى دەرىجىدە خەتەرلىك» دېگەن تۈرگە كىرىدىكەن.

خىتاي يەرشارى ۋاقىت گېزىتى بۇ ھەقتە رەددىيە ماقالىسى ئېلان قىلىپ، بۇنىڭ پەقەت نەزەرىيەۋىلىكى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان بىر ئىلمىي ئەسەر ئىكەنلىكىنى، خىتاي مۇتەخەسسىسلەرنىڭ نەچچە يىل بۇرۇنقى ۋىرۇسنى بىيولوگىيەلىك قورالغا ئايلاندۇرۇش ھەققىدىكى پىكىرىنى نۆۋەتتىكى خىتاي ۋىرۇسىغا باغلاپ ئىزاھلاشقا قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

يەر شارى ۋاقىت گېزىتى يەنە ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان خىتاي تەھلىلچىسىنىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ: «ھاۋا ئارمىيەسى ھەربىي تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى مۇناسىۋەتلىك ساھەدىكى تەتقىقات ئورنى ئەمەس، مەزكۇر كىتابتىكى مەزمۇنلار ئېشىپ كەتسە بىر ئىلمىي نۇقتىئىنەزەر» دېگەن.

مەلۇم بولۇشىچە، مەزكۇر ھۆججەت 2015-يىلى يېزىلغان بولۇپ، ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ئەمەلدارلىرى بۇلتۇر 5-مايدا ۋىرۇسنىڭ مەنبەسىنى تەكشۈرۈش جەريانىدا بۇ ھۆججەتكە ئېرىشكەن. مەزكۇر ھۆججەتتە سارس ۋىرۇسى «يېڭى گېن قورالى دەۋرىدىن دېرەك بېرىدۇ» دەپ سۈپەتلەنگەن.




# تۈركىيەدە خىتاي ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان ئۇيغۇرلار قانچىلىك؟

خىتاينىڭ ۋۇخەن شەھىرىدىن باشلىنىپ، پۈتۈن دۇنياغا ۋابا بولۇپ تارقىلىۋاتقان خىتاي ۋىرۇسى ئۇيغۇرلار ئەڭ كۆپ ئولتۇراقلاشقان تۈركىيەدىمۇ شىددەت بىلەن تارقىلىشى ئارقىسىدا، تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار ئىچىدە يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ سانى ئۈچ مىڭغا يەتكەن.

> خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخاننىڭ ئۇيغۇرلار ياشاۋاتقان رايونلاردىكى دوختۇرخانىلار ۋە ئالاقىدار شەخسلەردىن ئىگىلىشىچە، تۈركىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ئارىسىدا خىتاي ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ سانى 3000 مىڭغا يېقىنلاشقان. تۈركىيەدە خىتاي ۋىرۇسى تارقىلىشقا باشلىغاندىن بېرى ۋىرۇس سەۋەبلىك قازا قىلغانلار ھازىرغا قەدەر 25 تىن ئاشقان.

ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخاننىڭ مەلۇمات بېرىشىچە، قازا قىلغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىستانبۇل باشاقشەھەر، زەيتىنبۇرنۇ ۋە كۇچۇكچەكمەجىدىكى سەفاكۆي قاتارلىق رايونلاردا ياشايدىغان ئۇيغۇرلار ئىكەن. نۆۋەتتە مەزكۇر رايونلاردا ئۇيغۇرلار ئىچىدە خىتاي ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلار تېز سۈرئەتتە كۆپەيگەن.

بىلدۈرۈلۈشىچە، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ۋىرۇسنىڭ تېز تارقىلىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب ئۇيغۇرلارنىڭ ۋىرۇسقا قارشى چەكلەش تەدبىرلىرىگە ئەمەل قىلمىغانلىقى بولۇپ، ۋىرۇس كۆپلەپ تارقىلىۋاتقان مەزگىللەردىمۇ بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ئۆزئارا بېرىش-كېلىشنى، ھەتتا توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ ۋە مېھماندارچىلىقلارنى داۋاملاشتۇرغان.

كۆزەتكۈچىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي ۋىرۇسغا قارشى سەزگۈرلۈكنى ئاشۇرۇپ، باشقىلار بىلەن ئارىلىق ساقلاش، ماسكا تاقاش، تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىش قاتارلىق مەسىلىلەردە دىققەت قىلىش كېرەكلىكىنى، ئادەتلىنىپ كەلگەن ئىجتىمائىي ئالاقە پائالىيەتلىرىنى ۋاقتىنچە توختىتىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈشمەكتە.

# تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ
# بىر قىسىم مۇھىم رەسمىيەتلىرى ئاسانلاشتى




شەرقىي تۈركىستان بىلەن ئالاقىنىڭ پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈشى سەۋەبلىك، تۈركىيەدە ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ باش قېتىنچىلىقىغا ئايلانغان بويتاقلىق ئىسپاتى مەسىلىسى تىرىشچانلىقلار نەتىجىسىدە ھەل قىلىندى.

تۈركىيەدە ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۇزۇندىن بېرى تۈركىيەدىكى خىتاي كونسۇلخانىسى ۋە ئەلچىخانىلىرىدىن كېرەكلىك ئىسپاتلارنى ئالالمىغانلىقى، ۋەتەندىكىلەر بىلەن ئالاقىنىڭ پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈشى سەۋەبلىك نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن بولۇپ، بۇ مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولغان بويتاقلىق ئىسپاتى تەييارلاش مەسىلىسى توي خېتى، نوپۇس ئىلتىماسى ۋە باشقا ئىشلارغا توسالغۇ بولۇپ كەلگەن ئىدى.

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ ئۇزۇن مۇددەت تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە بۇ مەسىلىمۇ ھەل بولغان بولۇپ، تۈركىيە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكى بۇ ھەقتىكى يېڭى قارارنى ئۇقتۇرغان.

قاراردا تۈركىيەدە ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن تۈركىيەنىڭ 81 ۋىلايىتىدىكى كۆچمەنلەر ئىدارىسىدىن بويتاقلىق ئىسپاتى ئالالايدىغانلىقى، بۇ ئىسپات ئارقىلىق بارلىق ئالاقىدار رەسمىيەتلىرىنى بىجىرسە بولىدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن.



# ئىستانبۇلدا قۇرئان تاماملىغان ياش-ئۆسمۈرلەرنى مۇكاپاتلاش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى



بۈگۈن ئىستانبۇلنىڭ سەفاكۆي رايونىدا رامىزان ئېيىدا قۇرئان تاماملىغان ياش-ئۆسمۈر قارىيلارنى مۇكاپاتلاش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. پائالىيەتنى شەرقىي تۈركىستان يېڭى نەسىل ھەرىكىتى تەشكىللىگەن بولۇپ، ساخاۋەتچى بايلار ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەمدە بولغان.

مۇكاپاتلاش پائالىيىتىدە يېڭى نەسىل ھەرىكىتى رەئىسى ئابدۇسالام تەكلىماكان ئېچىلىش سۆزى قىلىپ، پائالىيەتكە ئىقتىسادىي ياردەم قىلغان ساخاۋەتچى بايلارغا رەھمىتىنى بىلدۈردى ھەمدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن قارىيلارنى تەبرىكلىدى.

ئارقىدىن جامائەت ئەربابى ئابدۇقادىر ياپچان، شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى رەئىس ۋەكىلى مەھمۇدجان داموللام قاتارلىقلار سۆز قىلىپ، مۇكاپاتقا ئېرىشكەن قارىيلارنى تەبرىكلەش بىلەن بىرگە، قۇرئان يادلاش ۋە قۇرئان ئوقۇشنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك پەزىلىتىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتى.

> مەزكۇر مۇكاپاتقا 12 ياشتىن 21 ياشقىچە بولغان 26 قىز قارىي، 102 ئوغۇل قارىي تاللانغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ رامىزاندا قۇرئان كەرىمنى تاماملىغانلىقىنى تەبرىكلەش ۋە ئىلھام بېرىش مەقسىتىدە مۇكاپات تارقىتىلدى. ئۇلار ئىچىدىن يەنە ئۈچ ئوغۇل، ئىككى قىز قارىي ئالاھىدە ماختاشقا ئېرىشتى. مۇكاپاتقا ئېرىشكەن قىزلارغا بىردىن ئالتۇن زەنجىر بىلەن تەقدىرنامە، ئوغۇللارغا بىردىن ۋېلىسىپىت بىلەن تەقدىرنامە تەقدىم قىلىنغان بولۇپ، مۇكاپاتلارنى پائالىيەتكە قاتناشقان جامائەت ئەربابلىرى ۋە ئۆلىمالار تارقىتىپ بەردى.

پائالىيەتنىڭ ئاخىرىدا مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئىككى قارىي قىز تەسىراتىنى سۆزلەپ، ئۇستازلىرىغا، پائالىيەتنى تەشكىللىگۈچى ۋە قوللىغۇچىلارغا رەھمىتىنى بىلدۈردى. ئاخىرىدا يېڭى نەسىل ھەرىكىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەھمۇدجان بوستان يېپىلىش سۆزى قىلدى.

# ئوتتۇرا شەرقتىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتلەر



دۇنيانىڭ دىققىتى ئىسرائىلىيەنى مەركەز قىلغان ھالدا ئوتتۇرا شەرققە مەركەزلىشىپ قالغان بۈگۈنكى كۈندە، ئامېرىكىدىكى «يەر شارى ئوت كۈچى» دېگەن بىر تور بېكەتتە ئوتتۇرا شەرقتىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ تىزىملىكىنى ئېلان قىلدى. بۇ تىزىملىكتىكى دۆلەتلەرنىڭ ھەربىي كۈچى رەت تەرتىپى تۆۋەندىكىچە:

ھاۋا ئارمىيەسىگە تەۋە ئايروپىلانلار: 1056

تانكا: 3045

بىرونېۋىك قاتارلىق باشقا ئۇرۇش ماشىنىلىرى: 11630

ئارمىيەسى جەمئىي 149 قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، دۇنيادا 11-ئورۇندا تۇرىدۇ.



## 1.تۈركىيە

ئەسكەر سانى: 895 مىڭ



## 2. مىسىر

ئەسكەر سانى: بىر مىليون 330 مىڭ.

ھاۋا ئارمىيەسىگە تەۋە ئايروپىلانلار: 1053.

تانكا: 3735.

بىرونېۋىك قاتارلىق باشقا ئۇرۇش ماشىنىلىرى: 11000.

ئارمىيەسى جەمئىي 316 قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، دۇنيادا -13ئورۇندا تۇرىدۇ.

## 3. ئىران

ئەسكەر سانى: ئىككى مىليون ئەتراپىدا.

ھاۋا ئارمىيەسىگە تەۋە ئايروپىلانلار: 516.

تانكا: 3709.

بىرونېۋىك قاتارلىق باشقا ئۇرۇش ماشىنىلىرى: 8500.

ئارمىيەسى جەمئىي 398 قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، دۇنيادا -14ئورۇندا تۇرىدۇ.

## 4. ئىسرائىلىيە

ئەسكەر سانى: 643 مىڭ.

ھاۋا ئارمىيەسىگە تەۋە ئايروپىلانلار: 595.

تانكا: 1650.

بىرونېۋىك قاتارلىق باشقا ئۇرۇش ماشىنىلىرى: 7500.

ئارمىيەسى جەمئىي 65 قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، دۇنيادا -20ئورۇندا تۇرىدۇ.

## 5. سەئۇدى ئەرەبىستان

ئەسكەر سانى: 505 مىڭ.

ھاۋا ئارمىيەسىگە تەۋە ئايروپىلانلار: 889.

تانكا: 1062.

بىرونېۋىك قاتارلىق باشقا ئۇرۇش ماشىنىلىرى: 12500.

ئارمىيەسى جەمئىي 55 قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، دۇنيادا -17ئورۇندا تۇرىدۇ.

بۇلاردىن باشقا، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى 6 -، ئىراق 7 -، سۈرىيە 8 -، كۇۋەيت 9 -، ئومان 10 -، ئىيوردانىيە 11 -، يەمەن 12 -، قاتار 13 -، بەھرەين 14- ، لىۋان 15 - ئورۇندا تۇرىدىكەن.

ئەسكەرتىش: بەزى مەنبەلەردە سەئۇدى ئەرەبىستان 4 -، ئىسرائىلىيە 5 - ئورۇندا دېيىلگەن. يەنە بەزى مەنبەلەردە 6 - دىن باشلاپ 15 - گىچە بولغان دۆلەتلەرنىڭ رەت تەرتىپىدە ئىلگىرى-كېيىنلىك پەرقى بولغان.















شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتقان خىتاينىڭ پەلەستىن-ئىسرائىلىيە توقۇنۇشىدىكى مەيدانى ئۇنىڭ ساختىپەزلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئاشكارىلىدى.

# مەنبەلەر

https://istiqlalhaber.com/page/news/3851:
http://istiqlalhaber.com/page/news/3825:
https://istiqlalhaber.com/page/news/3784:
https://turkistantimes.com/ar/news-14647.html:
http://istiqlalhaber.com/page/news/3805:
https://istiqlalhaber.com/page/news/3785:
https://istiqlalhaber.com/page/news/3797:
https://turkistantimes.com/en/news-14715.html:

شەرقىي تۈركىستاندا نېمىلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ؟

بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەرنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان؟

ژۇرنىلىمىز ئىشەنچلىك، نوپۇزلۇق خەۋەر مەنبەلىرى ۋە تىرىك شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقى ئارقىلىق، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان زۇلۇملارنى، خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى يالغان ئۇچۇرلىرىنى ۋە كۆز بويامچىلىقىنى دۇنياغا ئاشكارىلاشنى نىشان قىلىدۇ.


| | |
|---|---|
| باش مۇھەررىر | ئابدۇلۋارىس ئابدۇلخالىق |
| تەھرىر | يۈسۈپجان قۇرۇم |
| لايىھەلىگۈچى | ئۆركەش |
| بەتچىك | ئىرشات سەرھان |
| ھەجۋىي رەسىم | رەدۋا ئادىل |
| نەشر قىلغۇچى ئورۇن | شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى |
| نەشر تۈرى | ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى |
| ئادرېس | Kartaltepe Mah. Geçit Sok. No: 6 Dükkan 2<br>Sefaköy Küçükçekmece İSTANBUL |

info@turkistanmedia.com
www.istiqlalhaber.com
www.istiqlalmedia.com
+90 212 540 31 15
+90 553 895 19 33
+90 541 797 77 00